# ئايالـلار ئۆلـۈكـلەرگە يالـىڭاچ كـۆرۈنـىدۇ دېگەن سۆزنـىڭ ئاساسى يوقلـىقى توغرىسىدا

## [ئۇيغۇرچە]

﴿اعتقاد خاطئ في رؤية الأموات للزائرات عراة﴾

[باللغة الأويغورية ]


مۇپتـى: شـەيخ مۇھـەمـمـەد سالـىھ ئەلمۇنەججىد

المفتي: الشيخ محمد صالح المنجد

تـەرجـىمـە قـىلغۇچى: سـەيـپـىددىن ئـەبۇ ئابدۇلئـەزىز

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تـەكشۈرۈپ بـىكـىتـكۈچى: ن. تـەمـكـىنـى

المراجعة: ن. تمكيني



نـەشـر ھوقۇقى مۇسۇلـمانلارغا مـەنسۇپ

1431 ـ 2010

islamhouse.com

# ئاياللار ئۆلۈكلەرگە يالىڭاچ كۆرۈنىدۇ دېگەن سۆزنىڭ ئاساسى يوقلىقى توغرىسىدا

251-نومۇرلۇق سوئال

بىز قىز-خانىملارنىڭ قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىشى توغرا ئەمەس، ئۆلۈكلەر زىيارەت قىلغۇچى كىشىلەرنى يالىڭاچ هالەتتە كۆرىدۇ دېگەن سۆزنى ئاڭلىدۇق. ئەمما بىز بۇ سۆزگە قانائەتلەنمىدۇق، ئاپام بىلەن سىڭلىم دادامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشنى مەقسەت قىلىۋاتىدۇ، بەلكى زىيارەتمۇ قىلغان، بۇنىڭ توغرىسىنى بايان قىلىپ بەرگەن بولساڭلار؟.

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر.

ئىسلام شەرىئىتىدە قىز-خانىملارنى قەبرە زىيارەت قىلىشتىن چەكلەشنىڭ سەۋەبى؛ پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام: «ئاللاھ قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلغۇچى ئاياللارغا لەنەت قىلدى.» يەنە بىر رىۋايەتتە:«قەبرىستانلىقنى كۆپ زىيارەت قىلغۇچى ئاياللارغا لەنەت قىلدى» دېگەن. [تىرمىزى رىۋايىتى]. بۇ هەرگىزمۇ ئۆلۈكلەر زىيارەت قىلغۇچى ئاياللارنى يالىڭاچ هالەتتە كۆرىدۇ دېگەنلىك ئەمەستۇر. يەنى بۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان سۆز ئەمەس. چۈنكى ئۆلۈكلەر ئالەمنىڭ هۆكۈملىرى هاياتلىق ئالەمنىڭ هۆكۈملىرىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ، ئەگەر قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىشتىن چەكلەش ئۆلۈكلەر زىيارەت قىلغۇچى كىشىلەرنى يالىڭاچ هالەتتە كۆرىدۇ دېگەن سەۋەبتىن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئەرلەرنىڭمۇ قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىشى چەكلەنگەن بولاتتى.

سىز ئاپىڭىز بىلەن سىڭلىڭىزنى دادىڭىز ئۈچۈن كۆپ دۇئا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈڭ. چۈنكى مېيىتكە ئەڭ پايدىسى بولىدىغان ئىشنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ دۇئا قىلىشتۇر. بۇ پەقەت زىيارەت قىلىپ قويۇشتىن كۆپ ياخشى بولىدۇ. سىز ئۇلارغا مېيىت ئۈچۈن قايسى جايدا تۇرۇپ دۇئا قىلسا ئۇنىڭ ساۋابىنىڭ يېتىدىغانلىقىنى قەبرىنىڭ يېنىدا بولسۇن ياكى يىراقتا بولسۇن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈڭ.

ئاللاھدىن ۋاپات بولۇپ كەتكەن كىشىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىشىنى، سىلەرگە سەۋر ئاتا قىلىشىنى سورايمىز. بىز ھەممەيلەن ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.

ھەممىدىن ياخشىنى بىلگۈچى جانابى ئاللاھتۇر.